# ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى

(2)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئاقسۇ
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى

# كىرىش سۆز

«ئاقسۇ شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 2 ـ توپلىمى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەزكۇر توپلامدا جەمئىي 14 پارچە ماقالە بېرىلدى. بۇلار ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئىلغار تارىخىي شەخسىيلەرنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئاقسۇنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە، شۈبھىسىزكى، ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

«ئاقسۇنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسى» دە، چىن خاندانلىقىدىن تارتىپ تاكى مەنچىڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىگىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق مەزگىلدىكى ئاقسۇنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئىخچام، ئوچۇق بايان قىلىنغان، بۇلاردىن ئاقسۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ بوز يەر ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدىكى ماقالىلاردىن قەھرىمان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ تارىمنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغان كۆرەش نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ؛ ئىلغار تارىخىي شەخسىيلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلاردىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ۋە خەلق مەنپەئەتى يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلغان شانلىق ھاياتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ ئەسلىمىلەر (ئۈچ پارچە) دىن ئاقسۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شەھەر قىياپىتى، مائارىپ باشقۇرۇش

تۈزۈمى، 1 — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەرەققىياتىنى بىلگىلى بولىدۇ؛ «ئاقسۇ ياڭىقى»، «ئاقسۇ گۈرۈچى» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە ماقالىدىن قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا باي، گۈزەل ئاقسۇغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ.

بۇ توپلامنى ئىشلەشتە پارتىيە، مەمۇرىي رەھبەرلىكنىڭ، يولداشلارنىڭ ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئەمەلىي ياردىمىگە ئېرىشتۇق، بۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. بۇندىن كېيىن «ئاقسۇ شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى» نى مەزمۇنغا باي، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈشتە يەنىلا ئالاقىدار ھەممە تەرەپنىڭ سەمىمىي ياردىمى ۋە قوللىشىغا مۇھتاجمىز.

تەھرىر ھەيئىتى

1989 — يىل دېكابىر



ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئارمىيىدىكى
ئاساسلىق رەھبەرلىرى (1954-يىلى) ئالدىنقى رەت سول-
دىن: ران چىڭ، مەمتىمىن خەلپەت ھاجىيوپ،
ۋۇجەنچۈڭ، قۇربانوۋ، ئارقا رەت سولدىن:
خې جىڭنەن، بالى خوا، جاڭ رۇڭشۇن.



ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى شىمالىي كوچىسى.
(1960 ـ يىل)
(سۈرەتنى گوشياڭجۇ تەمىنلىگەن)



ئاقسۇ شەھىرى شىمالىي كوچىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى.
(1989 ـ يىل)
(سۈرەتنى خۇيۋۇچېن تەمىنلىگەن)

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



تارىم چۆللۈكى.

( ساۋ چۈين فوتوسى )



چۆللۈككە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان باغدىن ئېلىنغان مول ھوسۇل مېۋىلەرى توشۇلۇش ئالدىدا.

(ساۋ چۈين فوتوسى)



يېزا ئىگىلىك 1ــ دىۋىزىيىسىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش سۇ ئامبىرىدىن بىر كۆرۈنۈش.
( 1989ــ يىل ). ( ساۋ چۈېن فوتوسى )



يېزا ئىگىلىك 1 ــ دىۋىزىيىسى 16ــ تۇەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىدىن بىر كۆرۈنۈش،
( 1989 ــ يىل ). (ساۋ چۈېن فوتوسى)

# مۇندەرىجە


بىغىشلىما ..........................................................
ئاقسۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شەھەر خەرىتىسى.........
............................................... ئا . باقى سىزغان
رەسىملەر ......................................................
مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنىڭ ئاقسۇنى كۆزدىن كەچۈرۈش
خاتىرىسى ...................................... ۋاڭ يۈخۇ (1)
جاسارەت ئابدۇللا تەرجىمىسى
يولداش جاڭچيەن قوشۇنى بىلەن كەسىپ ئەترىتىگە
كەلدى ........................................ گۇەن ۋېيشىڭ (14)
ئالىم داۋۇت تەرجىمىسى


## چوڭ ئىشلار خاتىرىسى


ئاقسۇنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسى.....................
ماتېرىيال بەرگۈچى: جاۋخېڭشۇ، رەتلىگۈچى: ليۇفۇكوي (21)
ئا . ھەسەن، ئابدۇللا ئەيسا تەرجىمىسى


## تارىخي ئەسلىمىلەر


ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىسقىچە تارىخي
................................................... ياسىن رۇزى (87)
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاقسۇ شەھىرى .........ياسىن رۇزى (91)
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاقسۇدا مائارىپنىڭ باشقۇرۇلۇشى
................................................... ياسىن رۇزى (96)

## تارىخىي شەخسىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇش

جاڭ جەنچىنىڭ تەرجىمىھالى ............... خۇاڭ بولىن (101)
لۇتۇپ خالىق تەرجىمىسى
ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكەن ئىلغار زىيالى — مەرھۇم مەھەممەت
ھاجىيۇپ توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە......ئۆمەر توختى (118)
ل . مۇتەللىپ ھەققىدە كۆرگەن — بىلگەنلىرىم..........
................................................ ئاۋۇت باقى (123)

## چېگرا رايوندا بوز يەر ئېچىش

قەھرىمانلار تارىخنى بويسۇندۇردى........... لىن خەيچىڭ (157)
ئەمىن توختى تەرجىمىسى
تارىختىكى ئۈچ ئەۋلاد ........................ دۇ خۇڭجيەن (182)
ئالىم داۋۇت تەرجىمىسى

## ئاتاغلىق مەھسۇلاتلار

ئاقسۇ گۈرۈچى ....................................ياڭ جىپىڭ (209)
جاسارەت ئابدۇللا تەرجىمىسى
ئاقسۇ ياڭىقى ................................ ياڭ جىپىڭ (215)
لۇتۇپ خالىق تەرجىمىسى

# مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنىڭ ئاقسۇنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى

ۋاڭيۇخۇ

1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس جۇدې ئاقسۇغا كېلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش—قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە شتابىدا ئورۇنلاشتى. بۇ دىۋىزىيە ئەينى يىللاردا نەنىۋەننى ئاچقان 359 - بىرىگادا ئىدى. بۇ قىسىم نۇرغۇن قېتىم مۇئاۋىن رەئىس جۇدې (ئۇ چاغدا باش قوماندان ئىدى) نىڭ شەخسەن تەربىيىسىگە مۇيەسسەر بولغان، شۇنىڭدەك مۇئاۋىن رەئىس جۇدې ئارىغا قويغان «تېرىقچىلىق» سىياسىتىنى 1 — بولۇپ رېئاللىققا ئايلاندۇرغان قىسىم ئىدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ قىسىم ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە تەرتىپكە سېلىنىشنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، نەنىۋەن دەۋرىدىكى كادىر ۋە جەڭچىلەردىن ناھايىتى ئاز قىسمىلا قالغانىدى. لېكىن، نەنىۋەننىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى تولۇق ساقلانغان، شۇنداقلا ھازىرقى دىۋىزىيىدىكى مۇھىم مەسئۇل يولداشلار بىلەن تايانچىلار يەنىلا ئەينى يىللاردا نەنىۋەندە قولىغا گۈرجەك ئېلىپ، قا-

قاس تاغ - جىلغىلارنى ئاچقانلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنى كۆرگەندە ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلىشتى. بولۇپمۇ مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى لىن-خەيچىڭ بىلەن سىياسىي كومىسسارى دۇخۇڭجيەن يولداشلار (بۇ ئىككۈيلەن 25 مىڭ يوللۇق ئۇززۇن سەپەرنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى ئىدى) قىلچە تارتىنماستىن مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنى كۈتەتتى، بۇ ھال گويا ئۇززۇن سەپەر يول ئۈستى ۋە يەنئەنۋەن-دىكىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ كۈتىۋاتقىنى يىراقتىن كەلگەن ئېزىز مېھمان ياكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولماي، بەلكى يەنىلا ھېلقى ھەممە ۋاق ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولىدىغان باش قوماندانىمىز جۇدې ئىدى.

كەچقۇرۇنلۇقى سائەت نۆچتە، مۇئاۋىن رەئىس جۇدې ھەممىدىن ئاۋۋال مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ كۆرگەزمىخانا دىۋىزىيە شتابىدىكى بىر كىچىك زالغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تۈز جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇيەرگە تىزىلغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى جەڭچىلەرنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش جەريانىدا ئىجاد قىلغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ھەر خىل يېڭى مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، كان مەھسۇلاتلىرى، مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، يېمەك - ئىچمەك، پاراۋانلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۈر جەھەتتىن رەڭگارەڭ، سان جەھەتتىن ھېسابسىز كۆپ ئىدى.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يەردىن كۆرگەنلىرى جەڭچىلەرنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىلا بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلا يەنە جەڭچىلەرنىڭ ئەمگەك بېۋىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەممىنى ناھايىتى تەپسىلىي كۆردى، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىنىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى. بەزىدە چۈشەندۈرگۈچىلەر بۇ بەك تەستە كەلگەن ياخشى پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جۇدې ئاقساقالغا كۆپرەك قاراپ قالغانلىقتىن، ياكى بولمىساەل جىددىيلىشىپ سۆز بېسىپ قالغانلىقتىن چۈشەندۈرۈشلىرى تازا تولۇق بولماي قالدى. بۇنداق چاغلاردا مۇئاۋىن رەئىس جۇدې ئۆزى ھامان ئۇنى ۋە بۇنى سوراپ تۇردى، ئۇ گويا كىچىككىنە بىر نەرسىلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك قىلاتتى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې رودا كۆرگەزمە بۆلۈمىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشاللاندى، بۇ يەرگە نەچچە ئون خىل پارقىراپ تۇرغان رودا تىزىلغان بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ خېلىلا كۆركەم، گۈزەل ئىدى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ مەركىزىدە بىر جەڭ ئېتىنى مىنىپ بايراق كۆتۈرۈۋالغان جەڭچىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ، پەلەمپەيشەكىلدىكى ئېگىز دۆڭلەك جايدا خۇددى بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې ھەر بىر رودىنى كۆرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئىشلىتىش ئورنىنى، چىققان جايىنى، زاپىسىنى تەپسىلىي سورىدى، شۇنداقلا پات - پات رودىنى قولىغا ئېلىپ،

كۆز ئەينىكىنى تاقاپ سىنچىلاپ قارايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ يەنە ئالاھىدە بىر پارچە رودىنى تاللاپ ئېلىپ، مېڭىشتا تەمشەلگەندە، يېنىدا تۇرغان كاڭكېچىلىك ھەدە: «نېمىشقا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالىمىز؟» دېدى، مۇئاۋىن رەئىس جۇدې: «ئېلىپ كېتىپ كۆرگەزمە قىلىمىزدە، ماڭا ئۇلارنىڭ نەرسىسىنىڭ لازىمى يوق» دەپ جاۋاب بەردى. كۆپچىلىك ئۆزىنى باسالماي كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە لىنخەيچىڭ سىجاڭ، دۇخۇگجيەن جىڭۋېيلارغا: مۇشۇ رودىلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئازراقتىن جايلاپ، ئايرىم - ئايرىم ئوراپ تەييارلاپ قويۇڭلار، ئالغاچ كېتەيلى، كۆپچىلىكمۇ بۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ قالسۇن دەپ تاپىلىدى. مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنىڭ بۇ رودىلارغا مۇنچىۋالا قىزىقىپ قېلىشى روشەنكى، بۇلارنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇ بۇ يەردىن تارىم ئويمانلىقىدىكى مول كان بايلىقلىرىنى كۆرگەنلىكىدىن، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ يالغۇز مۇھىم ئاشلىق، پاختا بازىسىدىن بولۇپ قېلىشىلا ئەمەس، بەلكى يەنە مۇھىم سانائەت بازىسىمۇ بولۇپ قېلىشىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدىندۇر.

رودىدىن تاشقىرى، ياۋاكەندىردىن ئىشلەنگەن «پاختا تىۋىتى» بىلەن باشقا مەھسۇلاتلارمۇ ئۇنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. قارىغاندا ئۇ بۇ خىل ياۋا كەندىرنى پىششىق بىلىدىكەن. شۇڭا بىر كۆرۈپلا: «بۇ ھېلىقى لوپ كەندىرىدۇ؟» دەپ سورىدى. كۆپچىلىك باشلىرىنى لىڭشىتىپ «ھەئە» دېگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۇلاپلا: «بۇ نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ناھايىتى كەڭ، قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا بۇ-

نىڭدىن كۆپ پۇل ئۇندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ» دېدى. كېيىن مۇئاۋىن رەئىس جۇدې يەنە ياۋا كەندىرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا ئىش قوشۇش جەريانى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سورىدى. شۇنداقلا يەنە كۆز ئەينىكىنى تاقاپ، ياۋا كەندىردىن ئىشلەنگەن ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى سىنچىلاپ كۆردى. بۇ چاغدا كومىسسار دۇخۇڭجېيەن شاڭخەيدە ياۋا كەندىردىن ئىشلەنگەن كىيىم رەختلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئەتەي قولىغا ئېلىپ كالىۋەدىگە كۆرسەتتى. كالىۋەدە بۇلارنى كۆرۈپ ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى ۋە دەرھال ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئايال يولداشلارنى يېنىغا چاقىرىپ كېلىپ: «قاراڭلار، مۇشۇ رەختلەرنى ھېلىقى لوپ كەندىرىدىن توقۇغانىكەن، نېمە دېگەن ياخشى-ھە!» دېدى. كېيىن يەنە قىزىقارلىق ھالدا: «بۇنىڭغا تېخى رەخت بېلىتىمۇ ئالمايدۇ» دەپ قوشۇپ قويدى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې زالدىكى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سىرتتىكى تۈز مەيدانغا چىقتى. بۇ يەرگە قويۇلغانلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى جەڭچىلەر ئىجاد قىلغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ماشىنىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يەردىكى بىر نەچچە نەپەر چۈشەندۈرگۈچىلەر تولىمۇ چۈشتۈن ئىكەن. ئۇلار بەس - بەستە ئۇنىڭغا ھەر خىل ماشىنا - سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يەردىلا ماشىنىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ كۆرسىتىشتى. بۇلارنىڭ

كۆپچىلىكنى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، تەننەرقى ناھايىتى تۆۋەن، قۇرۇلمىسىمۇ بەك ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئەكسىنچە كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزى سايمانلار ئىش ئۈنۈمىنى ئەسلىدىكىدىن بىر نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى كۆتەرگەن.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې كۆرگەزمىنى كۆرۈپ بولاي دېگەندە، ئون نەچچە بوۋاقنى سىغدۇرالايدىغان بىر بۆشۈك (تەۋرەنمە كارۋات) دەرھال ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ بۆشۈككارۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى. چۈشەندۈرگۈچى ئالدىراپ - تىنەپ مۇئاۋىن رەئىس جۇدېغا قاراپ تۇرۇپ: بۇ يەسلىدىكىلەرنىڭ ئىجادىيىتى، بۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئون نەچچە بوۋاقنى تەۋرىتەلەيدۇ، تەربىيەتچىلەرنىڭ باقىدىغان بوۋاقلار سانىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دېدى. مۇئاۋىن رەئىس جۇدېنىڭ يېنىدا تۇرغان كاڭ ھەدە بۇ بۆشۈك كارۋاتقا قاتتىق دىققەت قىلىپ، ياندۇغىلاپ قاراپ تازا ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختىغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ كەمچىل تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ: «ھەرقايسى تورۇن ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ قاپتۇ، كەڭرەك بولۇشى كېرەك، ياكى ئارىلىققا بىرنەرسە تىقىپ ئايرىۋېتىش لازىم. بولمىغاندا، باللار بىر - بىرىنىڭ يۈز - كۆزىنى تاتىلىۋالىدۇ» دېدى. كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، شۇنداقلا كاڭ ھەدىنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە ئۇنىڭ باللارغا بولغان چەكسىز غەمخورلۇقىنى بەك ماختاشتى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې تېخنىكا يېڭىلاش كۆرگەزمىسىنى

كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا دىۋىزىيە مەجلىسخانىسىغا كېلىپ، بۇ يەردە ئاقسۇدىكى ئۈچ چوڭ ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىماقچى بولدى. بۇ ئۈچ چوڭ ئورۇن ـ ئاقسۇ يەرلىك كومىتېت، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىم كان ئىشلىرى ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇزۇمايلا ھەممىلەر يىغىلىپ بولدى. يەرلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش خېجىڭئەن ھەممىدىن ئاۋۋال ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئارقىدىن كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش فەنزىجۇ ھەم لىنخەيچىڭ سىجاڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېفىت سانائىتى بىلەن قىسىملارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې دوكلاتنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن، مۇنداق ئومۇملاشتۇرۇپ قىلىنغان دوكلات گويا يەنە ئۇنى رازى قىلالمىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولداش فەنزىجۇغا خەرىتىنى ئاستۇرۇپ، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىشى، تىپى، زاپىسى، چارلاش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى زىغىرلاپ سورىدى. يولداش فەنزىجۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ غەيرىتى ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ـ ئىزلىرى ئۈستىدە توختالدى. ئۇلار دۆلەت ئۈچۈن نېفىت ئىزدەپ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي چۆل باياۋان ۋە قۇم ـ جەزىرىلەر بىلەن ئېلىشقانىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىمە-

مەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى. بولۇپمۇ بۇ يىل ئەتـ ياز ۋە ياز ئارىلىقىدا، 1 - دۇيدىكى ياش گېئولوگ خا- دىملىرى پەقەت بىر ئايلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دۇنياغا مەش- ھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئەزەل- دىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆجىزە ياراتقانىدى. بۇ ياشلار يال- غۇز ئىنسانىيەتكە ھامان سىرلىق بولۇپ كەلگەن بۇ رايوننىڭ سىرىنى ئېچىپ، چوڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىپايان يەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل تارىمنىڭ نېفىت سانائىتى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىپ، بۇندىن كېيىنكى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە چارلاش خىزمىتىگە ئاساس سالغانىدى.

مۇئاۋىن رەئىس جۇدې بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، توخـ تىماي باش لىڭشىتىپ مەدھىيلىگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە ئار- قىدىنلا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ، ماي زاپىسى گەرچە مول بولسىمۇ، لېكىن ھازىر تېخى چوڭ كۆلەمدە ئې- چىش ۋاقتى ئەمەس دېگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بىر نېمە بايقالغاندىلا، زاۋۇت قۇرۇپ تاۋلاشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مايلىق سىلانېس، قاراماي قاتارلىقلار بولسۇن، ماي ئېلىشقىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىش لازىم. سىلەر ئىلگىرى ھەمىشە كۆپ بولسا، چوڭ بولسا ياخشى دەپقاراپ، بىرقانچە مىليون توننىغا يەتمىسە ئېچىشقا ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىڭلار. كۆپ ۋە زور بولسا ئەلۋەتتە ياخشى. بىر- راق ئۇنىڭغا خېلى يىل كېتىدۇ، ھازىرەنلىككە مەسىلە ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، چوڭىنىمۇ،



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com